# تيەنجىن شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تيەنجىنگە تاپشۇرغان مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت ۋە شەرەپلىك بۇرچ، بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «ئىككىنى قوغداش» يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەل قىلغۇچ جەڭدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش جاسارىتى بىلەن دىققەتنى نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ قوشۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەيمىز. دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ، بايلىقنى نىيە ناھىيەسى، كېرىيە ناھىيەسى، چىرا ناھىيەسىدىكى ئېغىر نامرات كەنت ۋە نامرات ئائىلىلەرگە مايىللاشتۇرىمىز. كادىرلار، ئىختىساسلىقلار، مەدەنىيەت، مائارىپ، كەسىپ تۈرلىرى، داۋالاش ـ سەھىيەدە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ياخشى تۇتۇشىمىز، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇشىمىز، تيەنجىننىڭ كەسپىي مائارىپ ئەۋزەللىكىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشكە كۈچەپ، چىن كۆڭۈل، چىن ھېسسىيات بىلەن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، قوشماقلىشىپ تۇغقان بولۇش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى جايدىكى ئاممىنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. شىنجاڭ بىلەن تيەنجىننىڭ ئۆزئارا تولۇقلاشچانلىقى كۈچلۈك، بىز بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش، تەكشۈرۈشنى پۇرسەت بىلىپ، نىشانلىق ياردەم بېرىشنى رىشتە قىلىپ، ئىككى جاينىڭ ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىقە ۋاكالىتەن، تيەنجىن شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، تيەنجىن شەھىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بەرگەنلىكى ۋە خالىس ياردەم بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: تيەنجىن شەھىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تيەنجىنگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچكە كۈچەش»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىدىغان، ئوچۇق ـ سىغدۇرۇشچان، ئېكولوگىيەسى ياشاشقا باب كېلىدىغان، دېموكراتىك ـ قانۇنچىل، مەدەنىي ـ بەختلىك زامانىۋى تيەنجىن قۇرۇش مۇساپىسىدە پۇختا قەدەم تاشلىدى. بىز چىن كۆڭلىمىزدىن تەبرىكلەيمىز.

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: تيەنجىن شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت باشتىن ـ ئاخىر باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، قەلبى، كۈچى، مېھرى بىلەن سىجىل كۈچەپ، ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق، كەڭ ساھەلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىشى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئەڭ زور چەكتە زورايتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق چىن كۆڭلىدىن مىننەتدار. شىنجاڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۇبيېكتلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئەۋزەللىكىدىن پائال ياخشى پايدىلىنىپ، تيەنجىننىڭ ئىلغار تەجرىبىسىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ئۈلگە قىلىپ، تيەنجىن بىلەن بولغان ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، تيەنجىن خەلقىنىڭ خالىس ياردىمىگە جاۋاب قايتۇرىدۇ.

تيەنجىن شەھىرى رەھبەرلىرىدىن لى يى، لياڭ باۋمىڭ، لى شۇجى، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن مۇتەللىپ قاسىم، مۇتەللىپ ئوبۇل يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

# شىنجاڭدىكى تۇنجى زور ئېكرانلىق كىنو «يىراقتا قالغان چوپان ناخشىسى» 15 ـ نۆۋەتلىك «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«يىراقتا قالغان چوپان ناخشىسى»دا خۇمار بىلەن قادىشا ئىككى ئائىلە كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق تاسادىپىي ۋەقەدىن كېلىپ چىققان زىددىيەت ئارقىلىق ھېكايە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، 40 يىلدىن بۇيانقى يايلاقتىكى قايتىلما كۆچۈش تۇرمۇشى ھەمدە بۇ خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى شارائىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۆزگىرىشلىرى، پېرسوناژلارنىڭ ھېسسىيات، قەلب مۇساپىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. فىلىمدە ئەۋلادمۇئەۋلاد سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جۇڭگو قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، پارتىيەنىڭ ئولتۇراقلاشتۇرۇپ چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى قوغداش دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدە، ئۆتمۈش بىلەن خوشلىشىپ، يېڭى تۇرمۇشقا قەدەم قويۇش ھېكايىسى بايان قىلىنغان.

بۇ فىلىم شىنجاڭ كىنو ئىجادىيىتى تارىخىدىكى تۇنجى زور ئېكرانلىق كىنو بولۇپ، پىلانلاپ تۈر تۇرغۇزۇشتىن سۈرەتكە ئېلىشقىچە ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىت كەتكەن. فىلىمدە ئەسلىي ھالەتنى خاتىرىلەش بىلەن ۋەقەلىكنى دراماتىك ئىلگىرى سۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش، ھۆججەتلىك كىنو ئۇسلۇبىدا يېڭىلىق يارىتىش جەھەتلەردە دادىل ئىزدىنىلگەن.

ئىگىلىنىشچە، 15 ـ نۆۋەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرى (فىلىم)، كومېدىيە، رادىيو دىرامىسى، ناخشا، كىتاب قاتارلىق تۈرلەردىكى 73 ئەسەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى مەملىكەت بويىچە ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىجاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەڭ يېڭى نەتىجىلەرنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، يېڭى دەۋرنىڭ مەنىۋى كۆرۈنۈشىنى سۈرەتلەپ بەرگەن.

# «ئېلېكترونلۇق سودا +» ئاقسۇ شەھىرىنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى قاناتلاندۇردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىچكىرى رايونلاردىكى ئىستېمالچىلارغا شىنجاڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك كۆك ياڭىقىنى تېتىتىش ئاقسۇ شەھىرىدىكى ئېلېكترونلۇق سودا كەسپلەر باغچىسىنىڭ شىنجاڭ مېۋىلىرىنى سېتىشنى كېڭەيتىش ئۈستىدە ئىزدىنىشىدىكى بىر خىل يېڭى ئەندىزە. كەسپلەر باغچىسىغا ماكانلاشقان نۇرغۇن ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىلىرى بازارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى، خۇش پۇرىقى كۈچلۈك شىنجاڭ كۆك ياڭىقىنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيان بارغانسېرى ئىچكىرى رايونلاردىكى ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەزى ياڭاق ئۆستۈرگۈچىلەرمۇ ياڭاقنى بالدۇرراق سېتىپ چىقىرىشنى ئارزۇ قىلدى، بۇنداق بولغاندا، ھەم پايدىغا تەسىر يەتمەيدۇ، ھەم ئاز دېگەندە بىر ئاي ۋاقىت چىقىرىپ ئىشلەمچىلىك قىلغىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق سودا كەسپلەر باغچىسىدىكى بەش ئەزانىڭ باشلامچىلىقىدا، 11 ئەزا بىرلىكتە پاي قوشۇپ كۆك ياڭاق ساتتى. ئۇلار ئېتىز بېشىغا بېرىپ سېتىۋالدى، ئىستېمالچىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن تۈرگە ئايرىپ ئوراپ قاچىلىدى، نىشانى بۇ يىل 500 توننا كۆك ياڭاق سېتىش. نيۇ يەنچىڭ مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئالدى بىلەن سىناپ، تەجرىبە توپلىساق، كېلەر يىلى تېخىمۇ چوڭراق ئىش قىلالايمىز.

يىلىغا 300 ـ 400 مىڭ توننا ياڭاق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاقسۇ ۋىلايىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، 500 توننا ھېچ گەپ ئەمەس، ئەمما ئاقسۇ شەھەرلىك ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى جوۋ خۇ شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ئالاقە تورى تەپەككۇرى، توردا مال سېتىش شەكلىدە يۈرۈشتۈرۈلىدىغان «ئېلېكترونلۇق سودا+» ئەندىزىسى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تېخىمۇ كەڭ سەھنىگە ئىگە قىلغىلى بولىدىكەن.

جوۋ خۇ تىلغا ئالغان «ئېلېكترونلۇق سودا+» «ئېلېكترونلۇق سودا+ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش» «ئېلېكترونلۇق سودا+ 10 شەھەر، 100 دۇكان» «ئېلېكترونلۇق سودا+ ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جەھەتتە، ئاقسۇ شەھەرلىك ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى جەمئىيىتىگە ئەزا كارخانىلار ئالىبابا گۇرۇھى بىلەن بىرلىشىپ، ئىگەرچى يېزىسى يىرما كەنتىدە «كەلگۈسى دېھقانچىلىق مەيدانى» بەرپا قىلىپ، ئۇچۇرلاشقان باشقۇرۇشنى ئېتىز بېشىغىچە كىرگۈزۈپ، بۇ يېزىدىكى باغۋەنلەرنىڭ كىشى بېشى كىرىمىنى 3600 يۈەن ئاشۇردى؛ «10 شەھەر، 100 دۇكان» جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ، جېجياڭدىكى ئون شەھەردە ئاقسۇ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئامبىرىدىن ئونىنى قۇرۇپ، بازاردا سېتىش دۇكىنىدىن 100نى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى جېجياڭ ۋە دېڭىز بويىدىكى رايونلارغا ساتتى. ئالىبابا سودا شۆيۈەنىنىڭ تەربىيەلەش ئاپپاراتى ــ «تاۋيۈەنۋەي» ئاقسۇدا ماكانلىشىپ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق سودا كەسپلەر باغچىسىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ئېلېكترونلۇق سودا بويىچە تەربىيەلەش ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىغا ئايلىنىشىغا كۈچ قوشتى، 34 قارار تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىپ، 4016 كۇرسانتنى تەربىيەلىدى.

ئىگىلىنىشچە، 2018 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى جانلىق ئېلېكترونلۇق سودا سېتىش دۇكانلىرى (تاۋباۋ تور دۇكىنى) 2400دىن، يىللىق سېتىش سوممىسى 800 مىليون يۈەندىن ئاشقان، ئېلېكترونلۇق سودا (ئۈندىدار سودىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىدىغان كەسىپكار 18 مىڭدىن ئاشقان، 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك تۈرتكە بولغان. ئاقسۇ شەھىرى ئالما، چىلان، ياڭاقتىن ئىبارەت ئۈچ يەككە مەھسۇلاتنىڭ توردا سېتىلىش مىقدارى جەھەتتە باشتىن ـ ئاخىر مەملىكەت بويىچە يېزا ئېلېكترونلۇق سودىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىلىدىغان ناھىيەلەر ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان، تور سودىگەرلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش جانلىقلىق دەرىجىسى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ تەسىرىدە، ۋاڭ بىنشاڭنىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا كۆزى پىشىپ، ياش تۇرۇپلا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن ئىبارەت بۇ كەسىپنى ياقتۇرۇپ قالدى. دادىسى ۋە بوۋىسىغا ئوخشاشلا، ھەرقانداق يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى ئۇنىڭ قولىدا ناھايىتى «گەپ ئاڭلايدىغان» بولۇپ كېتەتتى. بۈگۈنكى كۈندە، ۋاڭ بىنشاڭمۇ ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ھەيدەپ مەشغۇلات قىلالايدىغان ئۇستا ماھىرغا ئايلىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئالدىنقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان يېڭى «نەتىجە»لەرنى ياراتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، 89 ياشلىق ۋاڭ شۆجى بوۋاي ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ، ئوغلى ۋاڭ يۈشەي ۋە نەۋرىسى ۋاڭ بىنشاڭنىڭ «شەرق قىزاردى» ناملىق چوڭ ئات كۈچلۈك تىراكتورنىڭ ماي پومپىسىنى تەڭشەۋاتقانلىقىغا، ئاپتول قاچىلاۋاتقانلىقىغا، ھاۋا سۈزگۈچ ئورنىتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، چېھرىدە رازىمەنلىك كۈلكىسى جىلۋىلەندى.

ۋاڭ ئائىلىسىنىڭ قورۇسىدا، ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى لىق تىزىلغان بولۇپ، كومباين، تىراكتور، سېيالكا، پىرقىرىما سوقا قاتارلىقلار بىر قاتار رەتلىك تىزىلغانىدى، ھەر خىل چوڭقۇر بوشىتىش، ئاشلىق تاسقاش، دان ئايرىش، يەر تۈزلەش قاتارلىق ماشىنىلار قوشۇلۇپ، جەمئىي چوڭ ـ كىچىك 20 نەچچە (يۈرۈش) يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرى بار ئىدى، ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان بولۇپ، خۇددى «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇزېيى»غىلا ئوخشايتتى.

ۋاڭ شۆجى بوۋاينىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن كەنتتىكى 1 ـ ئەۋلاد تىراكتورچى ئىكەن. 1958 ـ يىلى، ئەينى ۋاقىتتىكى گۇچۇڭ ناھىيەسى قىزىل بايراق گۇڭشېسى بەخت چوڭ ئەترىتى (ھازىرقى گۇچۇڭ ناھىيەسى لوچىتەي بازىرى ئېرچى كەنتى)دە تىراكتور بىلەن يەر ھەيدەش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، «شەرق قىزاردى» ماركىلىق ئىككى زەنجىرتاپان تىراكتور سېتىۋېلىنغان. ۋاڭ شۆجى ئىككى ئايدىن كۆپرەك تەربىيەلىنىپ، كەنتتىكى تۇنجى تۈركۈمدىكى تىراكتورچى بولۇپ، شۇ ئىشلىگىنىچە 30 يىلدىن كۆپرەك ئىشلىگەن.

«ئىلگىرى يەر ئاغدۇرساق كالىغا تايىناتتۇق، تىراكتورنىڭ بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتۇق. ئەينى چاغدا تىراكتور ھەيدەش تولىمۇ شەرەپلىك ئىش ئىدى، تىراكتورچى بولۇپ تاللانغىنىمنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىمدىن نەچچە كۈنگىچە ئۇخلىيالمىغانىدىم. ھازىر دۆلەتنىڭ سىياسەتلىرى ھەقىقەتەن ياخشى، ئائىلىمىز چوڭ ـ كىچىك 20 نەچچە يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى سېتىۋالدۇق، ئەينى چاغدىكى بىر گۇڭشېنىڭكىدىنمۇ تولۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلغارلىقىغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ» دېدى ۋاڭ شۆجى بوۋاي ھاياجانلانغان ھالدا.

دادىسىنىڭ تەسىرىدە، ۋاڭ يۈشەي ناھايىتى بۇرۇنلا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا قىزىقىپ قالغان بولۇپ، كېيىن دادىسىنىڭ ئىشىنى قولىغا ئالدى.

2004 ـ يىلى، مەركەزنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقانلار، دېھقانچىلىق مەيداندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىسى ۋە بىۋاسىتە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرى چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى سېتىۋالسا ۋە يېڭىلىسا بەلگىلىك تولۇقلىما بېرىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ۋاڭ يۈشەيدە چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى يېڭىلاش ئويى تۇغۇلدى.

ۋاڭ يۈشەي مۇنۇلارنى ئويلىدى: گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى چوڭ، يەنە مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ ناھىيە، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئەگەر چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ تېرىقچىلىق قىلساق، دېھقانلار چوقۇم قارشى ئالىدۇ، يەنە كېلىپ تولۇقلىما ئالغىلى بولىدۇ.

بۇنى كۆڭلىگە پۈككەن ۋاڭ يۈشەي قىلىمەن دەپلا ئىشنى باشلىدى، ئۇ كەنتتىكى بىر نەچچە دېھقان بىلەن بىللە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بازىرىغا بېرىپ، بىر نەچچە كۈن ئايلىنىپ، ئاخىر «شەرق قىزاردى» ماركىلىق چوڭ ئات كۈچلۈك بىر تىراكتورنى تاللىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق چوڭ ئات كۈچلۈك تىراكتورنى سېتىۋالسا دۆلەت 113 مىڭ يۈەن تولۇقلىما بېرەتتى، ۋاڭ يۈشەي ۋە بىر نەچچە دېھقان 120 مىڭ يۈەن خەجلىدى. «يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى سېتىۋېلىشقا بىر قېتىمدا سېلىنىدىغان مەبلەغ بىر قەدەر كۆپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى تۆۋەن، سېتىۋېلىش كۈچى چەكلىك، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىۋېلىش تولۇقلىمىسى سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىزدەك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئائىلىسىگە ھەقىقەتەن چوڭ ياردىمى بولدى» دېدى ۋاڭ يۈشەي.

كېيىن، ئوغلى ۋاڭ بىنشاڭنىڭ قوشۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ۋاڭ يۈشەي يەنە بىر تۈركۈم زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن سېتىۋالدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى شۇ يەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تىجارەت قىلىدىغان داڭلىق چوڭ ئائىلىگە ئايلىنىپ، ھەر يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتىدىن قىلغان كىرىمى 200 ـ 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋاڭ بىنشاڭ دادىسى ۋاڭ يۈشەيگە كەنتتە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تىجارەت قىلىدىغان ئائىلىلەرنى تەشكىللەپ، ھەم ھەر قايسىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ، ھەم تەشكىللىنىپ تەرەققىي قىلىپ، «يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى»دىن پايدىلىنىپ بېيىغىلى بولىدۇ، دەپ تەكلىپ بەردى.

ۋاڭ بىنشاڭ مۇنداق دېدى: «ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئارقىلىق بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرغاندا، بىرتۇتاش تېخنىكا ئۆلچىمى قوللانغاندا، بىرتۇتاش ھەق ئېلىش باھاسىنى يولغا قويغاندا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بايلىقىنى بىرلەشتۈرۈپ، تەشكىللىنىپ تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولۇپلا قالماي، يەنە شۇ جاينىڭ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق».

ۋاڭ بىنشاڭ ئاللىقاچان ئۆز ئالدىغا ئىش قىلالايدىغان بولدى، ھازىر ئۇ ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى ۋە كەسپىي ئالاقىگە مەسئۇل. بۇلتۇر ئۇ ئۆزى يالغۇز كومباينىنى ھەيدەپ شىخەنزە، باركۆلگە بېرىپ، بىر ئادەم بىر يىلدا 20 مىڭ مو زىرائەت ئورۇشتەك رېكورتنى ياراتتى، ھازىر ئۇنىڭ نامى دادىسى ۋە بوۋىسىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ.

«ھازىر دۆلەتنىڭ سىياسىتى شۇنچە ياخشى، مەن چوقۇم دادامنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىتتىپاقى قۇرۇشىغا ياردەملىشىپ، بىز ئۈچ ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ‹يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئارزۇسى›نى داۋاملاشتۇرىمەن.» ۋاڭ بىنشاڭ مۇنداق دېدى: «ھازىر گۇچۇڭ ناھىيەسىدە ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىسىدىن 2100دىن كۆپرەكى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن 181ى بار، بۇ جايدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىتتىپاقى قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، شۇ جاينىڭ يېزا ئىگىلىك ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى كۈچ چىقىرىشنى ئۈمىد قىلىمەن».